(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ئەمەلىي ئىشلەش:
### قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىدامچانلىق

يېڭى بىر يىلدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالدا پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەش قىلىدىغان مەنزىرە شەكىللەندى.

يېڭى يىللىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ يوپۇغا يېزىسى ئوتتۇرا تىگىن كەنتىدە تۇرۇشلۇق كەنت 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ تىڭۋۇ ئائىلىلەرگە زىيارەتكە كىرىش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەتىياز كىرگەندىن كېيىنكى ھويلا ـ ئاران تېرىقچىلىقنى پىلانلىدى. «يېڭى بىر يىلدا، بىز كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆنسېرى ياخشىلايمىز!» دېدى ئۇ.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى ـــ

# پەيتنى قولدىن بەرمەي، شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

«رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆرەش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بەردى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئىلھاملاندىم.» شىنجاڭ مېيبىيلا بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى زۇبەيدە مەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بىز سۈپەتلىك ماركىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يېڭىلاپ، قىزىلگۈل تېرىغان دېھقانلارنى قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈرۈشنى ئويلاۋاتىمىز».

**خىتاب:**

**ئۇلۇغۋار پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش**

كەلگۈسى يېتىپ كەلدى، يول ئايغىمىز ئاستىدا، پەقەت كۆرەش قىلغۇچىلارلا يېڭىدۇ، پەقەت ئىلگىرىلىگۈچىلەرلا غەلىبە قىلىدۇ! ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەش قىلىپ، تۈزۈلگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىمىز.

شىنجاڭ شىنيې ئېنېرگىيە ـ خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىرى ما جىنرۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: كارخانىمىز يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«رەئىس شى جىنپىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ‹باھار ھېكايىسى›نى داۋاملىق يېزىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ‹باھار ھېكايىسى›نى داۋاملىق يېزىشتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە تايىنىش كېرەك.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جيې مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىز «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا سۈرئەتنى تېزلىتىپ، كۈچنى ئاشۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىمىز.

**(مۇخبىر يۈەن لىي، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، چېن چياڭۋېي، رايىدە، لىيۇ شياڭ، لۇ فېڭباۋ، لىيۇ يى، جاڭ يۈنپېي، ئىختىيارىي مۇخبىر چېن گاۋچاۋ)**

---

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ھەل قىلغۇچ قەدەم ياخشى ئېلىندى ـــ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكى ئاشۇرۇلدى.

تەييۈەن پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى داتلاشماس پولات سېپتا تاسما پولات چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا، قەغەزدەك نېپىز، پارقىراق كۈمۈش رەڭلىك ياپراقچە ماتېرىياللار باش شۇجىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ جايغا كېلىپ، كارخانىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ قولىغا بىر پارچە «قولدا يىرتقىلى بولىدىغان پولات»نى ئېلىپ تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېنىك تولغاپ تۇرۇپ ماختىدى: «پولات كۆپ تاۋلىنىپ ئەۋرىشىم قىلىنىپتۇ. سىلەرنىڭ غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىقتا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا، «يېڭىلىق يارىتىش» جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆزگە ئايلاندى.

«ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ھەل قىلىش لايىھەسىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىدە مۇھىم نۇقتىلار كۆرسىتىپ بېرىلدى.

تەرەققىيات ئىدىيەسى تەرەققىيات ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئىگىزگە مۇناسىۋەتلىك، يۆنىلىشكە مۇناسىۋەتلىك، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك.

بەش يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلانغان «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپتە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ قەدەم ئېلىندى.

يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلاندى، يېشىل بولۇش ئومۇمىي ھالەتكە ئايلاندى، ئوچۇق بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى، ھەممىبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى... بەش يىلدىن بۇيان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئاچقۇچلۇق جايلاردا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى ـــ رايونلار ئارا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

باش قىشتىكى جياڭسۇنىڭ نەنتۇڭ ۋۇشەن رايونى بىنجياڭ تەۋەلىك رايونىدا، دەريا دولقۇنى قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، قومۇشلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى، قىرغاق يېشىل، تاغلار كۆكەرگەن بولۇپ، قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ جايغا كېلىپ، دەريا بويىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا پىيادە مېڭىپ، ئېكولوگىيە ئۆزگىرىشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، «ئون يىل بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش»نى سورىدى.

«ئىلگىرى مەينەت، قالايمىقان، ناچار جاينىڭ ھازىر باغچىنىڭ كۆكەرتىش بەلبېغىغا ئايلانغانلىقى قەتئىي ئىرادىگە كەلسەكلا، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىدا كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق تەلپىنى چوقۇم ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ كەچكى شەپەق ئاستىدىكى سۈپسۈزۈك دەريا سۈيىگە قاراپ خۇشال ھالدا.

بەش يىلدا ئۈچ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۈچ مەيدان سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

2016 ـ يىلى، يۇقىرى ئېقىندىكى چۇڭچىڭ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، «كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق»تىن ئىبارەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسى سۈرەتلەپ بېرىلدى؛

2018 ـ يىلى ئوتتۇرا ئېقىندىكى ۋۇخەن، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، «چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

2020 ـ يىلى تۆۋەن ئېقىندىكى نەنجىڭ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىغا بىر قاتار يېڭى بۇرچلار يۈكلەندى...

«تۈرتكە بولۇش» ـــ «چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش» ـــ «ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش»، يىغىن نامىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخ ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزى پىلانلىدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئۆزى تۈرتكە بولدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ سۈپىتى «ھاللىق سەۋىيە»دە، قىيىن نۇقتىسى «ئومۇميۈزلۈك» بولۇشتا.

خېبېي، جىلىن ـ لياۋنىڭغا بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى پىلانلىدى؛ بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ماس تەرەققىياتنى ئورۇنلاشتۇردى؛ گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېندا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى؛ شاڭخەي ـ جياڭسۇ ـ جېجياڭ ـ ئەنخۇيگە چوڭقۇر چۆكۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى...

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رايونلار ماس تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى تۇتاشتۇرۇپ، جەنۇب بىلەن شىمالنى ماسلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ موتورىنى تېز ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

قانچىكى كۈچەش باسقۇچىدا، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى شۇنچىكى ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى مەنزىل ئاچتى؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، خەلقنى بېيىتىپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ئاساسى پۇختىلاندى؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇپ، قانۇنچىللىق ھەيۋىسى ئارقىلىق قالايمىقان ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى؛ ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە كۈچ سىستېمىسىنى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك قايتا قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، قىسمىنىڭ ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى... پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئاچقۇچلۇق تەدبىرلەر دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ماھىرلار ۋەزىيەتنى پىلانلاشقا ماھىر كېلىدۇ؛ يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلىگۈچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان پەيتتە، تېخىمۇ چوڭ بىر تاختا شاھمات ۋەزىيىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىنماقتا.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، 200 نەچچە كېچە ـ كۈندۈز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پىلانلاش، تەييارلاش، تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى باشتىن كەچۈرۈپ، كەلگۈسى بەش يىل ۋە 15 يىلدىكى جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئۇلۇغۋار پىلان ـــ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى» كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولدى.

بىر تەرەپتىن يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش، بىر تەرەپتىن تەرەققىياتنى پىلانلاش، بۇ، كۆپ خىل خىرىس ئالدىدىكى بىر چوڭ دۆلەتنىڭ تەمكىن سالاپىتى بولۇپ، بىر چوڭ دۆلەت داھىيسىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى.

## (4) «دوستلار چەمبىرىكى»نى كېڭەيتىش

«دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىمىز»، دەۋر سوئالى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرماقتا.

«بىز ھەممىمىز بىر پاراخوتتا تۇرۇۋاتىمىز. بوران كۈچىيىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، بىز يۆنىلىشنى تېخىمۇ توغرىلاپ، رىتىمنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك».

تارىخنىڭ ئاچقۇچلۇق يول ئېغىزىدا، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۇنيادىكى داۋالغۇش، ئۆزگىرىشتە، جۇڭگونىڭ بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۆنىلىشى ۋە يولى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندى.

«بىز ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشكە ئىنتىلمەيمىز، بىرى يېڭىش، بىرى يېڭىلىش بىلەن شۇغۇللانمايمىز، يەنە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرمەيمىز، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرىمىز.» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇنبىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ دۇنياغا زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىكى جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى جاكارلىدى.

باش قىش مەزگىلىدە، چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ شاپىڭبا رايونى ئىتتىپاق كەنتى مەركىزىي پونكىتىدا كۆك رەڭلىك كونتېينېرلار رەتلىك قويۇلغان بولۇپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك كرانلار ئالدىراش مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى.

گۈدۈك ئاۋازى ياڭرىدى، كومپيۇتېر، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىق بۇيۇملار لىق قاچىلانغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئاستا ـ ئاستا ۋوگزالدىن چىقىپ، 10 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گېرمانىيە دۇيسبۇرگقا قاراپ ماڭدى.

2016 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ پولشادا بىرلىككە كەلگەن سۈپەتلىك ماركا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ياۋروپا(پولشا)غا تۇنجى يېتىپ بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاشۇ چاغدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق مەركىزىي رايونى «پولات كارۋان»دىن پايدىلىنىپ، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىشنى تېزلەتتى.

جەمئىي 31 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق قاتنىدى، 21 ياۋروپا دۆلىتىنىڭ 92 شەھىرىگە يېتىپ باردى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خەلقئارا سودا چوڭ تومۇرىغا ئايلىنىپ، ھاللىق سەۋىيەدىكى جۇڭگوغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

138 دۆلەت، 31 خەلقئارا تەشكىلات بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق ھۆججىتىدىن 202 پارچىسى ئىمزالاندى، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى... يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى شەكىللەنمەكتە، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق ئېچىلماقتا.

گۇاڭجۇ يەرمەنكىسى، مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى، ئىمپورت كۆرگەزمىسى، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى كۆرگەزمىسى... دۇنيا ئىقتىسادى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كەلدى، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق باش كۆتۈردى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى پىلانلىشى بىلەن، جۇڭگو ئارقا ـ ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «ساھىبخانا» بولۇپ، ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى باش تېپىپ قالغان نۇرغۇن كاتتا يىغىنلارنى ئۇدا ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشقا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

جۇڭگونىڭ «دوستلار چەمبىرىكى» بارغانسېرى زورايدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارەت قەدىمى بەش چوڭ قىتئەدىكى 72 دۆلەتكە يەتتى. نۆۋەتتە، جۇڭگو 180 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، 112 دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلات بىلەن ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ «بۇلۇت دىپلوماتىيەسى»نى زىچ قانات يايدۇردى: 80 نەچچە قېتىم چەت ئەل رەھبەرلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، تېلېفونلاشتى، سىن شەكلى ئارقىلىق 22 مەيدان مۇھىم دىپلوماتىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى.

دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى قوغداش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا ئاتلىنىش ئۈچۈن، ئاكتىپ، پايدىلىق تاشقى مۇھىت بەرپا قىلماقتا.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سەككىز يىللىق سۆھبەتنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق «رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى» رەسمىي ئىمزالاندى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ ئەركىن سودا رايونى رەسمىي يولغا چىقتى.

دۇنيانى كۆڭۈلگە پۈكۈش، دۇنياغا ھەمدەم بولۇش. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە قەدەم قويغان جۇڭگو دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى تۆھپە قوشماقتا.

پۈتۈن يەر شارىدىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىشقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 30%تىن ئاشتى، پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدە يۇقۇمنى باشلامچىلىق بىلەن كونترول قىلغان ھەمدە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى... مەيلى «ئادەتتىكى ئىمتىھان» بولسۇن ياكى «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىمتىھانى» بولسۇن، جۇڭگو تاپشۇرغان يۇقىرى نومۇرلۇق جاۋاب قەغەزلىرى دۇنيانى ھەيران قالدۇردى.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، بېيجىڭدا دەل قەھرىتان قىش ئىدى، ھالبۇكى يىراق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى ـــ ئېفيوپىيەنىڭ پايتەختى ئەددىس ـ ئەبەبەدە جۇڭگو ياردەم بېرىپ قۇرغان ئافرىقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ باش ئىشتابى تۈردە ئىش باشلاندى.

كالېندارنى يېرىم يىل بۇرۇنقى ياز ئوتتۇرىلىرىدىكى كېچىگە ئۆرۈيلى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، يېرىم يەر شارىنى ھالقىغان بىر مەيدان «بۇلۇت يىغىنى» جىددىي ئېچىلدى. «يىل ئىچىدە ئافرىقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى باش ئىشتابى قۇرۇلۇشىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش باشلىنىدۇ»، بۇ، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا ئېلان قىلغان نۇرغۇن «چوڭ خەۋەر»لەرنىڭ بىرى.

3 ـ ئايدىلا، جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، رەئىس شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتكەندە «ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش» ئىدىيەسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

بىر مەيدان يەر شارىۋى كرىزىس جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا گۇۋاھ بولدى: 150 نەچچە دۆلەت ۋە توققۇز خەلقئارا تەشكىلاتنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى؛ 34 دۆلەتكە 36 داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى؛ ھەرقايسى دۆلەتلەرنى 200 مىلياردتىن ئارتۇق ماسكا، 2 مىليارد قۇر مۇداپىئەلىنىش كىيىمى، 800 مىليون قاپ تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەجرىبە دورىسى بىلەن تەمىنلىدى؛ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»غا قاتناشتى؛ ۋاكسىنىنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىشقا ۋەدە بەردى...

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان يەر شارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى جۇڭگونىڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ يەر شارىۋى نەزەر دائىرىسى ۋە بۇرچى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىشى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوللاشتىكى پۇختا ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

ۋەزىيەتكە قاراپ پىلان تۈزۈش، ۋەزىيەتكە بېقىپ ھەرىكەتكە كېلىش. ۋىرۇسنى توسۇشتا «ئايرىۋېتىش»كە تايىنىش كېرەك، يۇقۇم ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە جەزمەن «قول تۇتۇشۇش» كېرەك. جۇڭگو تەشەببۇسى، جۇڭگو ھەرىكىتى ئىنسانىيەتكە ئىشەنچ ئاتا قىلدى، شۇنداقلا جۇڭگونى دۇنيا سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

رەئىس شى جىنپىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۇنيانىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم، زور تەشەببۇس ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، جۇڭگو ـ ئافرىقا، جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى، جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكىسى... جۇڭگو بارغانسېرى كۆپ دوستانە ھەمراھلىرى بىلەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىۋاتىدۇ؛ تور بوشلۇقى، يادرو خەۋپسىزلىكى، دېڭىز ـ ئوكيان، سەھىيە ـ ساغلاملىق تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى جەھەتتىكى جۇڭگو تەشەببۇسى پائال ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشتى.

قارشى شامال ۋە قايتما دولقۇن ئالدىدا، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇردى.

70 نەچچە يىل ئىلگىرى، جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىگە بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويغان دۆلەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى ئەزا دۆلەت، شۇنداقلا خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم ھۆكۈمى زامان ـ بوشلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى نامايان قىلدى ـــ

«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا مېڭىش يولىنى كېڭەيتىپ، دۇنيادىكى ھەم تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان، ھەم ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاشۇ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى يېپيېڭى تاللاش بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا جۇڭگونىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلدى».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)